### خەلق گېزىتىدە «شۈەنيەن»نىڭ ئىمزالىق ماقالىسى ئېلان قىلىندى

# توختىماي ئۆركەشلەيدىغان ۋاقىت ئېقىمى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى نەشردىن چىقىدىغان خەلق گېزىتىدە «شۈەنيەن»نىڭ يۈرۈشلۈك ئىمزالىق ماقالىسىنىڭ 3 - پارچىسى «توختىماي ئۆركەشلەيدىغان ۋاقىت ئېقىمى» ئېلان قىلىندى.

ماقالىدە مۇنداق دېيىلدى: قاينام - تاشقىنلىققا تولغان 70 يىل بىلەن خوشلىشىپ، مىللەتنىڭ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسى يۈكلەنگەن يەنە بىر 70 يىلغا نەزەر سالساق، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سۆزى ئىشەنچكە تولغان ھەم قەتئىي بولۇپ، «يېڭى مۇساپىدە، مەيلى بوران - چاپقۇندا بولسۇن، بىز ھەممىمىز خەلققە يېقىندىن تايىنىپ، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۇيۇل تاشتەك چىڭ ئىشەنچ، پەيتنى قولدىن بەرمەيدىغان جاسارەت، قەتئىي بوشاشمايدىغان ئىرادە بىلەن قەدەمدە بىر ئىز قالدۇرۇپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇلۇغ ئىشلارنى ئالغا سىلجىتىشىمىز كېرەك».

ماقالىدە مۇنداق كۆرسىتىلدى: جاپا - مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن جۇڭخۇا مىللىتى بارلىق قىيىنچىلىقلارغا قارشى ئاداققىچە كۈرەش قىلىش جاسارىتىگە ئىگە، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، قولدىن كەتكەن زېمىنى قايتۇرۇۋېلىش ئىرادىسىگە ئىگە، دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇش غەيرىتىگە ئىگە. ئۇ نۇرغۇن - نۇرغۇن ئارزۇ - ئارمانلارنى كۆڭلىگە پۈكتى، نۇرغۇن - نۇرغۇن ئېنېرگىيەلەرنى توپلىدى، توسۇپ قالغىلى بولمايدىغان بىر قۇدرەتلىك كۈچ تولۇق پارتلاپ چىقماقتا، يەتكىچە قويۇپ بېرىلمەكتە.

ماقالىدە مۇنداق چاقىرىق قىلىندى: بىر دەۋر كىشىلىرىنىڭ شۇ دەۋر كىشىلىرىگە خاس بۇرچى بولىدۇ، بىر دەۋر كىشىلىرىنىڭ شۇ دەۋر كىشىلىرىگە خاس ئۇزۇن سەپىرى بولىدۇ. «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى يېڭى ئۇزۇن سەپەر، يېڭى بۇرچ تارىخىي ھالدا بىز بىر ئەۋلاد كىشىلىرىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى. پەقەت جۇڭگو زېمىنىدا يىلتىز تارتىپ، ھەربىر بۈگۈننى تۇتقاندىلا، ئاندىن گۈزەل كەلگۈسىنى ياراتقىلى بولىدۇ. پەقەت كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، كۈرەش قىلىش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىدىغان، قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىدىغان، مەڭگۈ كۈرەش قىلىدىغان روھنى ساقلىغاندىلا، ئاندىن توسالغۇلارنى سۆپۈرۈپ تاشلىغىلى، دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلىگىلى بولىدۇ.

# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى دائىمىي يىغىن ئۆتكۈزدى

مۇخبىرىمىز جاۋ جيۈن خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دائىمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، قانۇنچىللىق لېكسىيەسى ئۆتكۈزدى، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تىجارەت - سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇشنىڭ نۇقتىلىق ۋەزىپىلىرىنى يولغا قويۇش خىزمىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلدى.

يىغىندا شىنجاڭ سىفەن داشۆسى سىياسىي - قانۇن شۆيۈەنىنىڭ مۇدىرى چېن تۇك «قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپلىرى» تېمىسىدا قانۇنچىللىق لېكسىيەسى سۆزلەپ، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك پىرىنسىپى، مەمۇرىيەتنىڭ قانۇنلۇق بولۇش پىرىنسىپى، مەمۇرىيەتنىڭ مۇۋاپىق بولۇش پىرىنسىپى، تەرتىپنىڭ ئورۇنلۇق بولۇش پىرىنسىپى، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇش - خەلققە قولاي بولۇش پىرىنسىپى، سەممىي بولۇش - لەۋزىدە تۇرۇش پىرىنسىپى، ھوقۇق - مەسئۇلىيەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش قاتارلىق يەتتە جەھەتتىن دېلو مىساللىرىنى تەھلىل قىلدى، قانۇن ماددىلىرىنى چۈشەندۈردى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، قانۇنچىل ھۆكۈمەت قۇرۇشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى، ماھىيەتلىك تەلىپى ۋە ئاساسلىق ۋەزىپىسىنى چوڭقۇر تونۇپ، توغرا ئىگىلەپ، ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قانۇنچىللىق بايرىقىنى ئېگىز جەۋلان قىلدۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش خىزمىتىنى پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. قانۇنچىللىقنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىپ، قانۇنچىللىق مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ھەقىقىي تۈردە پارتىيە رەھبەرلىكىنى شىنجاڭنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ئىزچىللاشتۇرۇپ، قانۇنچىل ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشىنىڭ تۈرلۈك ۋەزىپىلىرىنى ئەستايىدىل پىلانلاپ ۋە ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇھىم، زور ئىشلاردا يولىيورۇق سوراش، دوكلات قىلىش تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، قەدەمدە بىر ئىز قالدۇرۇپ قانۇنچىل ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار ھەممىدىن ئۈستۈن، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇش قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، قانۇنچىللىق تەپەككۇرى ۋە قانۇنچىللىق شەكلىنى قوللىنىش ئىقتىدارىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى، سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇق - مەسئۇلىيەت تىزىملىكى تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئىش ھوقۇقىنى قېلىپلاشتۇرۇش، قانۇنلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، مەمۇرىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. قانۇنچىللىق روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، قانۇنچىللىق ئېتىقادىنى تۇرغۇزۇپ، قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، تەشۋىقات سالمىقىنى زورايتىپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە ھەممە ئادەم قانۇنچىللىقنى ھۆرمەتلەيدىغان، ھەممە ئادەم قانۇنچىللىققا رىئايە قىلىدىغان، ھەممە ئادەم قانۇنچىللىقنى قوغدايدىغان ياخشى كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: مەمۇرىيەتنى ئىخچاملاپ ھوقۇقنى تۆۋەنگە بېرىش، قويۇپ بېرىش بىلەن باشقۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش، مۇلازىمەتنى ئەلالاشتۇرۇش ھۆكۈمەت بىلەن بازارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشتىكى مۇھىم، زور ئىسلاھات تەدبىرى بولۇپ، يېقىنقى نەچچە يىلدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىش، يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى يېتىلدۈرۈش، ئىقتىسادنىڭ مۇقىملىق ئاساسىدا ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم تېرەكلىك رول ئوينىدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تىجارەت - سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇش نۇقتىلىق ۋەزىپىسىنى يولغا قويۇش لايىھەسىنى تۈزۈپ، ئىسلاھات ساھەسى، كونكرېت تەدبىر، خىزمەت ۋەزىپىسى ۋە مەسئۇلىيەت سۇبيېكتىنى ئايدىڭلاشتۇردى. ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «قويۇپ بېرىش»كە تېگىشلىكلىرىنى قەتئىي قويۇپ بېرىپ، «ئىخچاملاش»قا تېگىشلىكلىرىنى قەتئىي ئىخچاملاپ، «باشقۇرۇش»قا تېگىشلىكلىرىنى ھەقىقىي ياخشى باشقۇرۇپ، «مۇلازىمەت» قىلىشقا تېگىشلىكلىرىگە جايىدا مۇلازىمەت قىلىپ، «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتى ۋە تىجارەت - سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشتا تېخىمۇ زور نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

# ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەر گۈزەل يۇرت - ماكانىنى ئورتاق قۇرۇشى، گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىشى كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: 70 يىل ئىلگىرى، دۆلىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، يېڭى جۇڭگونى ئورتاق قۇرغانىدى. پارتىيەمىز ئىجادىي ھالدا ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيەسىنى جۇڭگودىكى مىللەتلەر مەسىلىسىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ جۇڭگوچە توغرا يولىنى تېپىپ چىقىپ، پارتىيەنىڭ مىللەت نەزەرىيەسى ۋە مىللەت سىياسىتىنى بېكىتتى، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى دۆلەت قۇرۇشنىڭ تۈپ پىرىنسىپلىرىنىڭ بىرى قىلىپ، مىللىي رايون ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى ئورناتتى، ھەر مىللەت خەلق تارىختا تۇنجى قېتىم ھەقىقىي تۈردە باراۋەر سىياسىي ھوقۇققا ئېرىشتى، ئورتاق ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولدى، كونا جۇڭگونىڭ مىللىي زۇلۇم، جېدەل - ماجىراغا تولغان ئازابلىق تارىخىغا خاتىمە بېرىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەر، ئىتتىپاق ئۆتىدىغان، ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان، ئىناق مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرىدىغان يېڭى دەۋرنى ئاچتى. 70 يىل ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈردى، قاينام - تاشقىنلىققا تولدى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قىياپىتىدە، مىللىي رايونلارنىڭ قىياپىتىدە، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ قىياپىتىدە، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ قىياپىتىدە يەر - جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگۈدەك تارىخىي زور ئۆزگىرىشلەر بولدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: 70 يىلدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدۇ، 70 يىلدىكى تەجرىبىلەرنى ئەستە چىڭ ساقلىماي بولمايدۇ. بىز دۆلىتىمىزنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇشتەك ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىنى توغرا ئىگىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشنى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەڭ ئالىي مەنپەئەتى قىلىمىز؛ ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيەسىنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ جۇڭگوچە توغرا يولىدا قەتئىي ماڭىمىز؛ مىللىي رايون ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىرلىككە كەلتۈرۈش بىلەن ئاپتونومىيەنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش، مىللەت ئامىلى بىلەن رايون ئامىلىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرىمىز؛ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇلۇشى، يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەيمىز؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت ئامىمىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرىمىز؛ مەدەنىيەتنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىق قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئورتاق مەنىۋى يۇرت - ماكانىنى قۇرۇپ چىقىمىز؛ ھەرقايسى مىللەتلەر قانۇن ئالدىدا بىردەك باراۋەر بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، قانۇن ئارقىلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا كاپالەتلىك قىلىمىز؛ ۋارىسلىق قىلىش داۋامىدا تەرەققىي قىلدۇرۇش، تەرەققىيات داۋامىدا يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ مىللەت سىياسىتىنى ھەم تومۇرداش قىلىمىز ھەم دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىتىمىز؛ پارتىيەنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشتە چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان تۈزۈلمە - مېخانىزمنى ئۈزلۈكسىز تاكامۇللاشتۇرىمىز.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ زېمىنى بىپايان، ئۇزاق مەدەنىيلىككە ئىگە. جۇڭگو تارىخى دەل ھەرقايسى مىللەتلەر يۇغۇرۇلۇپ، توپلىنىپ شەكىللەندۈرگەن كۆپ مەنبە بىر گەۋدىلەشكەن جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تارىخى، دەل ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق بەرپا قىلغان، تەرەققىي قىلدۇرغان، مۇستەھكەملەپ بىرلىككە كەلتۈرگەن ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخى. بىزنىڭ بىپايان زېمىنىمىزنى ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق ئاچقان، بىزنىڭ ئۇزاق تارىخىمىزنى ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق پۈتكەن، بىزنىڭ شانلىق مەدەنىيىتىمىزنى ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق ياراتقان، بىزنىڭ ئۇلۇغ روھىمىزنى ھەر مىللەت ئورتاق يېتىلدۈرگەن. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ كۆپ مەنبە بىر گەۋدىلەشكەن بولۇشى ئەجدادلىرىمىز بىزگە قالدۇرغان مول مىراس، شۇنداقلا دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ غايەت زور ئەۋزەللىكى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرگە كىردى، جۇڭخۇا مىللىتى تارىختىكى ئەڭ ياخشى تەرەققىيات مەزگىلىنى كۈتۈۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مۇرەككەپ ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەت ئالدىدا، بىز تېخىمۇ بىردەك ئىتتىپاقلىشىشىمىز، كۈچنى مۇجەسسەملىشىمىز كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي مېڭىش كېرەك. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىلا جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ، پەقەت جۇڭگوچە سوتسىيالىزملا ھەرقايسى مىللەتلەرنى ئۇيۇشتۇرالايدۇ، ھەرقايسى مىللەتلەرنى تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ، ھەرقايسى مىللەتلەرنى گۈللەندۈرەلەيدۇ. پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ مىللەت نەزەرىيەسى ۋە مىللەت سىياسىتىنى ئۆگىنىشنى ھەممىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەننى، جۇڭخۇا مىللىتىنى، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى كۈرەش نىشانى قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ پۈتۈن مەملىكەت بىلەن بىرلىكتە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيە ۋە زامانىۋىلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. جۇڭخۇا مىللىتى بىر چوڭ ئائىلە، بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ھەممىسى ياخشى كۈن كەچۈرۈشى كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەتنى باراۋەرلەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىپ، «سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغ»نى «بايلىق»قا ئايلاندۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن ھەر مىللەت خەلققە تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئادىل نەپ يەتكۈزۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقنى گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىدىغان، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ يېڭى شان - شەرىپى ۋە ئارزۇسىدىن ئورتاق بەھرىلىنىدىغان قىلىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېتەكچى قىلىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەنىۋى يۇرت - ماكانىنى قۇرۇش كېرەك. ھەر مىللەت ئاممىسى ئارىسىدا سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، توغرا بولغان ۋەتەن قارىشى، مىللەت قارىشى، مەدەنىيەت قارىشى، تارىخ قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشىنى كۈچەيتىش كېرەك. مىللىي رايونلاردا ھەر دەرىجىلىك تۈرلۈك مائارىپنى ياخشى يولغا قويۇپ، دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى تەربىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ پەن - مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى كۈچەيتىشنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، جۇڭخۇانى سۆيۈش ئۇرۇقىنى ھەربىر بالىنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا چېچىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭخۇا مىللىتى بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇر، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇپ، شەكىل، ۋاستىدە يېڭىلىق يارىتىپ، ئورگانلارغا كىرىشى، كارخانىلارغا كىرىشى، مەھەللىلەرگە كىرىشى، يېزا - بازارلارغا كىرىشى، مەكتەپلەرگە كىرىشى، لېيەندۈيلەرگە كىرىشى، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىغا كىرىشى قاتارلىقلارغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: مىللەتلەر ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىپ، ھەر مىللەت پۇقرالىرىنىڭ قانۇن ئالدىدا باراۋەر بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. مىللىي رايون ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك. مىللەت ئامىلىغا چېتىشلىق دېلو، ۋەقەلەرنى قانۇن بويىچە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، ھەر مىللەت پۇقرالىرىنىڭ ھوقۇقتىن باراۋەر بەھرىمەن بولۇشى، مەجبۇرىيەتنى باراۋەر ئادا قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، مىللەتلەر ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىشنىڭ قانۇنچىللىق يولىدا يۈرۈشۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ھەر خىل سىڭدۈرمىچىلىك، ئاغدۇرمىچىلىق، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى، زوراۋانلىق، تېرورلۇق ھەرىكەتلىرى، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى، دىنىي ئەسەبىيلىك ھەرىكەتلىرىدىن قاتتىق ساقلىنىش، قەتئىي زەربە بېرىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار مىللەتلەر خىزمىتىنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە قويۇشى كېرەك. مىللەت ساھەسىدىكى ئاساسىي نەزەرىيە مەسىلىسى ۋە مۇھىم، زور رېئال مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىش كېرەك. ئاساسىي قاتلام ئۇلىنى پۇختىلاپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى بىرلىكتە ياخشى ئىشلەشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. مىللەتلەر خىزمىتى كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئادا قىلىشىنى قوللاش كېرەك.

لى كېچياڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلغاندا مۇنداق دېدى: باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇھىم سۆزىدە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىل، بولۇپمۇ پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن شانلىق نەتىجىلەر ۋە قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى چوڭقۇر خۇلاسىلىدى، ھازىر دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى دۇچ كەلگەن ۋەزىيەتنى ئومۇميۈزلۈك تەھلىل قىلىپ، يېڭى دەۋردە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى ئىشلىرىغا تۈرتكە بولىدىغان ئومۇمىي تەلەپ ۋە خىزمەت مۇھىم نۇقتىسىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى، ناھايىتى كۈچلۈك ئىدىيەۋىلىككە، قاراتمىلىققا، يېتەكچىلىككە ئىگە. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنى جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەشكە يېتەكلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى ئىشلىرىدا يېڭىلىق يارىتىپ، تۈرتكە بولۇپ، ھەر تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ھەقىقىي ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشى، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى سۈن چۈنلەن «گوۋۇيۈەننىڭ مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىلىك كوللېكتىپ ۋە نەمۇنىچى شەخسلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدىكى قارارى»نى ئوقۇدى.

تەقدىرلەنگەن نەمۇنىلىك كوللېكتىپ ۋە نەمۇنىچى شەخسلەرنىڭ ۋەكىللىرى يىغىندا سۆز قىلدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىدىكى قىسمەن ئەزالار، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىلىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشتىكى ئالاقىدار رەھبىرىي يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى.

تەقدىرلەنگەن نەمۇنىلىك كوللېكتىپ ۋە نەمۇنىچى شەخسلەرنىڭ ۋەكىللىرى، ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەر ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى، مەركەزدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

شى جىنپىڭ تەزىيە تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: سابىق زۇڭتۇڭ شىراك دۇنيادا شۆھرەت قازانغان سىياسىيون ۋە ئىستراتېگىيەچى، شۇنداقلا جۇڭگو خەلقىنىڭ قەدىرناس دوستى. ئۇ جۇڭگو - فرانسىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، جۇڭگو - ياۋروپانىڭ ئومۇميۈزلۈك دوستانە ھەمكارلىقىغا تۈرتكە بولۇش، شەرق - غەرب مەدەنىيلىكىنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشى، ئۆزئارا ئۈلگە قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، دۇنيانىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىشى ۋە كۆپ تەرەپچىللىكنى تەشەببۇس قىلىش، دۇنيانىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇنىڭ بەختكە قارشى ۋاپات بولۇشى فرانسىيە ۋە فرانسىيە خەلقى ئۈچۈن زور يوقىتىش، جۇڭگو خەلقىمۇ بىر قەدىرناس دوستى، ياخشى دوستىدىن ئايرىلىپ قالدى.

شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: مەن جۇڭگو - فرانسىيە مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىمەن، زۇڭتۇڭ ماكرون بىلەن ئورتاق تىرىشىپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە جۇڭگو - فرانسىيە دوستانە ھەمكارلىقىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى پۈتۈشنى خالايمەن.

شۇ كۈنى، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى كېچياڭ سابىق زۇڭتۇڭ شىراكنىڭ ۋاپات بولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن فرانسىيە زۇڭلىسى فىلىپقا تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈردى ۋە سەمىمىي ھال سورىدى.